شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 7 - ئاي
2
پەيشەنبە
维吾尔文 7 月2日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25110 - سان بۈگۈن 4 بەت

# پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرايلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش بىر قەدەم ئىلگىرىلىسە، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىشى كېرەك. «1 - ئىيۇل» كېلىش ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ 21 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندا، پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، ماركسىزم، بولۇپمۇ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدىن ئىبارەت نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۆچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلارغا ماركسىزم نەزەرىيەسى قورالىنى ئىگىلىتىپ، ئۇلارنىڭ ماركسىزم نەزەرىيەسى سەۋىيەسى ۋە قوللىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئورتاق ھالدا پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئەمەلىيەت كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا، ماركسىزمنى ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى قىلىپ بېكىتتى. ماركسىزملىق سىياسىي پارتىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم نەزەرىيەۋى خىسلىتى دەل ھەممىدە

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ 21 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە ۋە مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 14 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنىڭ تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش، ئىلمىيلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي خەۋەر قىلدۇ: 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئاچتى، يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ 21 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە ۋە مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 14 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرى تەتقىق قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ 21 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئارمىيە پارتىيە قۇرۇلۇشى نىزامى» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى سايلام خىزمىتى نىزامى»نى قاتتىق ياخشى ئىجرا قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا پارتىيەنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، تەشكىلىي قۇرۇلۇشنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنىڭ پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ مىزان ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلاش كېرەك. ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش كېرەك؛ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىدىغان ئەمەلىيەت كۈچىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ تەشكىلات سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ئىقتىدارى، ئىدىيەۋى يېتەكلەش ئىقتىدارى، ئاممىنى تەشكىللەش ئىقتىدارى، جەمئىيەتكە قارىتا چاقىرىق ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كادىرلارنى ياخشى تاللاپ، ياخشى ئىشلىتىپ، تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تۈزۈلمە - مېخانىزم ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى ساپالىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تايانچلىرى قوشۇنى ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى قۇرۇش كېرەك؛

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 99 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# پۈتۈن ئاپتونوم رايون پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلىمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي خەۋەر قىلدۇ: 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 99 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ 21 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردە پۈتۈن ئاپتونوم رايون پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلىمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا، سۇڭ يۈشيا، قۇربان نىياز، لى ۋېنمىڭ، داڭ فاڭ، لى فېڭ، ئايپار ئەسقەر، ئېرلىك زىيابان، ليۇ شياڭخۇي قاتارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلىپ ۋە يازما سۆز قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن پارتىيەگە بولغان چەكسىز ساداقىتى، خەلققە بولغان سەممىي قىزغىن مۇھەببىتى ۋە كەسپكە بولغان توختاۋسىز ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىدى.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو سۆز قىلىپ، پارتىيەنىڭ 99 يىللىق شانلىق مۇساپىسى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تارىخ شۇنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بولمىسا، سوتسىيالىستىك شىنجاڭ بولمايتتى. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدى ھەم داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىنتىپاقلىشىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي، كەسكىن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىسەك، چوقۇم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى، مۇھىم يوليورۇق بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ 21 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى بىزنىڭ يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىزنى قوللانما بىلەن تەمىنلىدى، يۆنىلىشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاش كېرەك. بايراق روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە ئالاقىدار گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئومۇمىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى خەۋەر قىلدۇ: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە رەھمەت، مەن تاتلىق سۇ ئىچەلىدىم، بۇ ‹بەخت سۈيى›.» «1 - ئىيۇل»نىڭ ئالدىنقى كۈنى، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ جامباز يېزىسى يېپەكچى كەنتىدىكى 80 ياشلىق بوۋاي ھىمىت ھەسەن كەنتتىكى بىر قىسىم ياشانغانلار بىلەن پارتىيەنىڭ شەپقىتى توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا، يېقىندا ئۆيىگە تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزۈلگەنلىكىنى ئالايىتەن تىلغا ئالدى.

يېقىندا، 1 مىليارد 749 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ شەھەر - يېزا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك تاماملانغاندىن كېيىن، بۇ ناھىيەدىكى 15 مىڭ 300 نامرات نوپۇسنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ھەل بولدى. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدىكى بارلىق نامرات نوپۇس قىرتاق شورلۇق سۇ ئىچىش بىلەن تەلتۆكۈس خوشلىشىپ، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشتى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى، ئاخبارات باياناتچىسى چېن لىبى مۇخبىرغا مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

新疆日报 | 天山网 www.ts.cn | 石榴云
新 疆 报 业 传 媒 集 团

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

يېڭىسار ئۆرۈكىنىڭ قىممىتى بارغانسېرى ئاشماقتا

# «جانان ئۆرۈك» شىنجاڭدىن چىقتى دېھقانلارنىڭ قەلبى لەززەتكە تولدى

[ ئىستون سۆزى ]

ئۇزاق يىللىق نامراتلىق بىلەن خوشلىشىپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىش. بۇ، جۇڭخۇا مىللىتى توختىماي ئىزدەنگەن مىڭ يىللىق ئارزۇ، بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ 100 يىلغا يېقىن جان تىكىپ قىلغان كۈرەش. پارتىيەمىزنىڭ 99 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنى پەيتىدە، جۇڭخۇا مىللىتى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرماقتا.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش پارتىيەمىزنىڭ خەلققە، تارىخقا بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدىسى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئۇزاق مۇددەت جاپالىق ئىزدىنىش ۋە بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، بىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ، تىز پۈكمەي، ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىشنىڭ مېۋىسى، شۇنداقلا يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىپ، يەلكەن چىقىرىپ قايتا يولغا چىقىشنىڭ سەپەرۋەرلىكىدۇر».

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ لومپا يېزىسى تېرىباغ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى يېڭىلا ئۈزگەن ئۆرۈكلەرنى كۆرسەتمەكتە. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، جىڭ بو، زوۋ يى، ئەن شيۇ، يىن تۇڭيۈەن

بۇ يىلقى ئۆرۈك پىشقىدا، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەرگە بارغىنىمىزدا، شېخى كۆتۈرەلمەي قالغان ئالتۇندەك سارغىيىپ كەتكەن ئۆرۈكلەر ئادەمنىڭ ئېغىزىنى سۇ كەلتۈرەتتى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناشتىدىن كېيىن، يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ لومپا يېزىسى توقاي كەنتىدىكى 82 ياشلىق كەنت ئاھالىسى تۇخان قادىر ئۆرۈكلۈك بېغىدا كۆلۈمسىرىگىنىچە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆرۈك ئۈزۈشىگە قاراپ تۇراتتى. تاتلىق ئۆرۈك ھىدى قاپلىغان ئۆرۈكلۈك باغدا ئۆرۈك ئۈزۈۋاتقانلارمۇ، ئوراپ قاچىلاۋاتقانلارمۇ، ئورالمىلارنى يەشكىلەرگە سېلىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى، ھەممەيلەننىڭ چىرايىدە مول ھوسۇل شادلىقى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

يېڭىسار ئۆرۈكىنىڭ دانىسى چوڭ، پوستى نېپىز، شىرنىسى كۆپ، ئېتى تاتلىق، ئالتۇندەك رەڭگى ئىچىدىن سۇس قىزىللىق چىقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، «جانان ئۆرۈك» دېگەن نامى بار. بۈگۈنكى كۈندە، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان يېڭىسار ناھىيەسىدىن ئىبارەت بۇ ئېغىر نامرات ناھىيە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش يولىدا، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يېڭىسار ئۆرۈكى ۋەكىللىكىدىكى خاس باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، دېھقانلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش جەريانىدا تولۇپ تاشقان بەختكە ئېرىشمەكتە.

ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەش:

**پۇلغا يارىمايدىغان مېۋىدىن ئالتۇن مېۋىگە ئايلاندى**

«ئۈزۈش جازىسى بولسا كۆپ قولايلىق بولىدىكەن، ئۆرۈكلەرمۇ ئانچە زېدە بولمايدىكەن.» 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى توقاي كەنتىدىكى 30 نەچچە ياشلىق ئورمان مۇھاپىزەتچىسى رېھىمخان ئالاۋەدى ئېگىزلەتكىلى - پەسلەتكىلى بولىدىغان ئۈزۈش جازىسىدا تۇرۇپ، ئاق پەلەي كىيىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن شاختىن ئۆرۈك ئۈزۈۋاتاتتى.

رېھىمخاننىڭ باللىقىدىكى ئەسلىمىسىدە، كەنتتىكى ھەممە ئائىلىدە ئۆرۈك دەرىخى بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۆرۈك پۇلغا يارىمايتتى، ھەر يىلى ئۆرۈك پىشقاندا، ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن ئېگىز يەردىكى ئۆرۈكلەرنى ئۈزەلمەي، دەرەخنى كۆچەپ لىڭشىتاتتى، پىشقان ئۆرۈكلەر يەرگە تۇرۇكلاپ چۈشەتتى، يەپ بولالمىغانلىرى يەردىلا سېسىپ كېتەتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ